# شى جىنپىڭ نېپال زوڭتوڭى باندارى بىلەن ئۆزئارا خەت ئەۋەتىپ جومولاڭما چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكىنى ئورتاق جاكارلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۈگۈن، مەن زوڭتوڭ باندارى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو ـ نېپال ئىككى دۆلەتكە ۋاكالىتەن پۈتۈن دۇنياغا شۇنى رەسمىي جاكارلاشنى خالايمەن، جومولاڭما چوققىسىنىڭ ئەڭ يېڭى ئېگىزلىكى 8848.86 مېتىر.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جومولاڭما چوققىسى ئىككى دۆلەتنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستلۇقىنىڭ مۇھىم سىمۋولى. ئىككى دۆلەت دۇنيادىكى بۇ ئەڭ ئېگىز چوققىنى جۇڭگو ـ نېپال ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا چوققىسى ۋە «جۇڭگو ـ نېپال دوستلۇق چوققىسى» قىلىپ بېكىتتى. بۈگۈن سىز بىلەن بىللە جومولاڭما چوققىسىنىڭ ئەڭ يېڭى ئېگىزلىكىنىڭ ئالدىنقى ئىشلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكى ئىشلارغا يول ئاچىدىغان دەۋر ئەھمىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئورتاق جاكارلىدۇق، شۇنداقلا جۇڭگو ـ نېپال مۇناسىۋىتىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى تولۇق نامايان قىلدۇق. جۇڭگو تەرەپ يەنە نېپال تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، جومولاڭما چوققىسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ھەمكارلىقىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق قىممەتلىك بايلىقى ۋە يۇرت ـ ماكانىنى ياخشى قوغداشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل جۇڭگو ـ نېپال دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 65 يىللىقى. ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ئىككى دۆلەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچىسى كۈچىيىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش مۇقىم ئالغا سىلجىتىلىپ، ھىمالايادىن ھالقىغان ئىستېرېئولۇق ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش، ئۆزئارا راۋانلاشتۇرۇش تورى ئارزۇدىن رېئاللىققا ئايلانماقتا. جۇڭگو بىلەن نېپال ئىككى دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو بىلەن نېپالنىڭ تېخىمۇ زىچ بولغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشى كېرەك.

باندارى خېتىدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: نېپال بىلەن جۇڭگو ئىزچىل ياخشى قوشنا، ياخشى دوست، ياخشى ھەمراھلاردۇر، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئادەمىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقى ئىككى دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن. جومولاڭما چوققىسى نېپال بىلەن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنىڭ ئەبەدىيلىك سىمۋولى، جانابلىرى بىلەن بىرلىكتە، جومولاڭما چوققىسىنىڭ ئەڭ يېڭى قار يۈزى ئېگىزلىكىنىڭ 8848.86 مېتىر ئىكەنلىكىنى ئورتاق جاكارلىغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن. بۈگۈن ئىككى تەرەپنىڭ جومولاڭما چوققىسىنىڭ ئەڭ يېڭى ئېگىزلىكىنى ئورتاق جاكارلىغانلىقى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. رەئىس شى جىنپىڭ بۇلتۇر نېپالدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇپ، جۇڭگو ـ نېپال مۇناسىۋىتى ھەم ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى مەزگىلگە قەدەم قويۇشىغا تۈرتكە بولدى. ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى زىيارەتتىكى ئورتاق تونۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچ چىقىرىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

# يول باشلاپ نىشان بەلگىلەش دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىككى قېتىملىق مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىدا «تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات» ئاچقۇچلۇق سۆز بولدى.

شۇ چاغ، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى يېڭى نورمال ھالەتكە كىرىپ، «ئۈچ مەزگىل ئۈستىلىنىپ كەتكەن» پەيت بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى گەۋدىلەنگەن، ھەددىسىلا تۈر تۇرغۇزۇش، كۆلەمنى كېڭەيتىش قاتارلىق يىرىك تەرەققىيات كونا يولىنى داۋاملاشتۇرغىلى بولماي قالغانىدى.

مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پىلانلىغان «تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات» دېگەن سۆز ئاممىنىڭ نەزەر دائىرىسىگە كىردى. يۈرۈشلۈك يىغىنلاردىكى ئورۇنلاشتۇرمىلار بۇ ئىسلاھاتنىڭ مۇھىملىقىنى نامايان قىلدى.

«ئىدىيەۋى تونۇشنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئۇشۇقچىلىقىنى تۈگىتىش، قالدۇقنى تۈگىتىش، پىشاڭنى تۈگىتىش، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى، بۇ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنىڭ باشلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك، «13 ـ بەش يىل»نىڭ باشلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك» دەپ كۆرسەتتى باش شۇجى شى جىنپىڭ.

13 قېتىملىق يىغىندىكى ھەربىر ئاچقۇچلۇق تەدبىردە ھەم مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇلدى، ھەم كەلگۈسىنى پىلانلاش كۆزدە تۇتۇلدى، بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەتتە تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى —— ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ يول باشلىغۇچىسى.

2015 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، «13 ـ بەش يىل»، ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق مەزگىلدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

بەش يىلدىن كېيىن، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «14 ـ بەش يىل» ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان تەرەققىيات يېڭى ئۇلۇغۋار پىلانى تۈزۈلدى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلەندى.

يېڭىلىق يارىتىش بەش چوڭ تەرەققىيات ئىدىيەسى ئىچىدە ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە «يادرولۇق ئورۇن»دا تۇرىدۇ.

ۋاقىتنى 2018 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىگە ياندۇرساق، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى يۈز بېرىپ ئون يىل بولغان پەيتتە، مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 2 ـ قېتىملىق يىغىنىدا دىققەت مۇنداق بىر يادرولۇق قارالمىغا مەركەزلەشتى: ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

بۇ قېتىمقى يىغىندا «ھەقىقىي تۈردە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە كرىزىس تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، تىرىشىپ يېتىشىۋېلىش كېرەك» «ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئادەمنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇشتا» «ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈش كېرەك»... دەپ تەكىتلەندى.

پەن ـ تەتقىقات خادىملىرىغا ئازادە مۇھىت يارىتىپ بېرىلدى، پەن ـ تەتقىقات خادىملىرىنى مۇكاپاتلاش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى... بەش يىلدىن بۇيان، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئەمەلىيلەشتى. يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بۇ بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يۈزلەندۈرۈش جەريانىدا سىجىل ئۇرغۇپ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇر چاچتى.

تەرەققىياتتا «بايلىق»قىلا قاراپ قالماي، يەنە «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ»قىمۇ قاراش كېرەك.

2016 ـ يىلى 1 ـ ئايدىكى مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 12 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «چاڭجياڭ دەرياسىغا چېتىلىدىغان بارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە قوغداشنى ئورتاق تۇتۇش، كەڭ كۆلەمدە ئېچىش بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك».

ئىككى يىلدىن كېيىنكى مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنىدا بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش بويىچە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، 2020 ـ يىلىغىچە ئاساسلىق بۇلغىما قويۇپ بېرىش ئومۇمىي مىقدارىنى زور كۆلەمدە ئازايتىش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشىلاش، بىرنەچچە مەيدان بەلگە خاراكتېرلىك مۇھىم، زور جەڭ قىلىش تەلەپ قىلىندى.

بەش يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى سالمىقىنىڭ زورلۇقى مىسلىسىز بولدى، 2019 ـ يىلى بىرلىك GDPنىڭ ئېنېرگىيە سەرپىياتى 2015 ـ يىلدىكىدىن 13.2% تۆۋەنلىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 337 ۋىلايەت دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك شەھەرلەرنىڭ ھاۋا سۈپىتى ئەلا بولغان كۈن سانى نىسبىتى 82%كە يەتتى، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەشنىڭ باسقۇچلۇق نىشانى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتى ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشىلاندى.

يېڭىلىق يارىتىش بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندى، ماس بولۇش ئىچكى ئالاھىدىلىككە ئايلاندى، يېشىل بولۇش ئومۇميۈزلۈك ھالەتكە ئايلاندى، ئوچۇق بولۇش مۇقەررەر يولغا ئايلاندى، ھەمبەھرە بولۇش تۈپ مەقسەتكە ئايلاندى ——

بەش يىلدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەرەققىياتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ھەل قىلىپ، تەرەققىيات ئەۋزەللىكىنى ئاشۇرۇپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا ئۈزلۈكسىز يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

بۈگۈنكى كۈندە، «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى نىشان ـ ۋەزىپىلەر پات يېقىندا تاماملىنىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلمەكتە، 2020 ـ يىلى GDPنىڭ 100 تىرىليون يۈەندىن ئېشىشى مۆلچەرلەندى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان GDP 10 مىڭ دوللارلىق بوسۇغىدىن ئاتلىدى، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى ئىزچىل 30% ئەتراپىدا بولۇپ، سىجىل تۈردە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى «مۇقىملاشتۇرغۇچ»قا ئايلاندى.

تارىخ چاقى توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش قەدىمى ئەزەلدىن توختاپ قالمىدى.

دەۋر ئېقىمىغا ئۇيغۇنلىشىپ، تەرەققىيات چوڭ يۈزلىنىشى ئىگىلەندى، مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىدىن ئىبارەت بۇ سۇپا ئارقىلىق، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم بايانلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد ئىدىيەسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىساد پاراخوتىنى دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ يىراققا سەپەر قىلىشقا يېتەكلىمەكتە.

**خەلق ھەممىدىن ئەلا، يېڭى ئورۇنلاشتۇرما خەلق تۇرمۇشىنىڭ يېڭى يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولدى**

ھەممىدە خەلقنى كۆزلەش، ھەممىدە خەلققە تايىنىش پارتىيەمىزنىڭ 100 يىلغا يېقىن كۈرەش مۇساپىسىدە خەلقنى يېتەكلەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشى، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى كۈچ مەنبەسى.

بەش يىلدىن بۇيان، ھەر قېتىملىق مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى يىغىنىدا، «خەلق تۇرمۇشى» روشەن يۆنىلىشكە ئايلاندى.

شىمالدىكى رايونلاردا قىش پەسلىدە پاكىز ئىسسىنىش ئالغا سىلجىتىلدى، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش، چارۋا، ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقىدىكى تاشلاندۇقلارنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە بايلىققا ئايلاندۇرۇش يولغا قويۇلدى، ياشانغانلار ساناتورىيەلىرىنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى، تۇرالغۇ ئۆي ئىجارە بازىرى قېلىپلاشتۇرۇلدى ۋە ئۆي ـ زېمىن ساھەسىدىكى كۆپۈك ھالەت تىزگىنلەندى، يېمەكلىك بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى...

2016 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئالتە «كىچىك ئىش» «ئەتراپىدىكى ئىش» مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى 14 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ مۇھىم قارالمىسى بولدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىندا مۇنداق كۆرسەتتى: «شىمالدىكى رايونلاردا قىشتا پاكىز ئىسسىنىشنى ئالغا سىلجىتىش قاتارلىق ئالتە مەسىلىنىڭ ھەممىسى چوڭ ئىش، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش، مۇھىم، زور خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، خەلق رايى قۇرۇلۇشى».

«كىچىك ئىش» «كىچىك» ئەمەس، ئۇ خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، خەلق رايىغا بىۋاسىتە چېتىلىدۇ.

2016 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ 13 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «خەلقنى مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، كىشىلەرنى ئەمگەك ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا، تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك».

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان باسقۇچ. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن بىر زور ئىش.

2018 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، يېڭىدىن تەشكىللەنگەن مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى 1 ـ قېتىملىق يىغىن ئاچتى، تەتقىقات قارالمىسى دەل ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش بولدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىندا: «نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلدى، جەزمەن جەڭدە غەلىبە قىلىش، جەڭنى ياخشى قىلىش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشنى چۆرىدەپ تېخىمۇ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرىنىڭ تېخىمۇ دەل جايىدا، كۈچلۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

2019 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ تاماملىنىشىغا يەنە ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت قالغاندا، مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 4 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش مەسىلىسى تەتقىق قىلىندى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى ئېغىر نامرات رايونلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق»نى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش ئاساسىدا، «ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تە دۇچ كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى قورغانغا نۇقتىلىق ھۇجۇم قىلىش كېرەك.

بۈگۈنكى كۈندە، گۈيجوۋ ئۆلكىسىنىڭ قېپقالغان توققۇز نامرات ناھىيەسىنىڭ نامرات ناھىيەلەر قاتارىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى يېقىندا جاكارلىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزدىكى 832 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يىلتىزى خەلق، جان تومۇرى خەلق.

ئوتتۇراھال كىرىملىك كىشىلەر توپىنى كېڭەيتىش، ئۆي ـ زېمىن بازىرىنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەبىئىي ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، ئاممىۋى ساھىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش... ھەر قېتىملىق يىغىن ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، ھەربىر ھەقىقىي، ئەمەلىي تەدبىر باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلقنى مەركەز قىلىنغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسىنىڭ دەۋر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چوڭقۇر نامايان قىلدى.

«مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن».

«13 ـ بەش يىل»غا قايتا نەزەر سالساق، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى باشتىن ـ ئاخىر ئېغىشمايدىغان كۈرەش نىشانى قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈگىمەس كۈچ قوشتى.

**كەلگۈسىگە يۈزلەندى، يېڭى ئەندىزە تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئەۋزەللىكىنى قايتا ياراتتى**

بۇ يىل باش قىشتا، جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا، چېڭدۇدىن چۇڭچىڭغا بارىدىغان يولۇچى توشۇش مەخسۇس لىنىيەسىنىڭ دەرىجىسى جىددىي ئۆستۈرۈلمەكتە. يېقىن كەلگۈسىدە، ئىككى جاي ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىزنىڭ ۋاقتى بىر سائەت ئىچىگە قىسقارتىلىپ، «بىر سائەتلىك تۇرمۇش چەمبىرىكى» ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

«قوش شەھەر خاتىرىسى»نى ياخشى ئېيتىپ، ئىقتىساد چەمبىرىكىنى ئورتاق قۇرۇش كېرەك.

جۇڭگونىڭ «14 ـ بەش يىل» ۋە 2035 ـ يىلغا يۈزلەنگەن يېڭى ئۇلۇغۋار پىلانىدا، «چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ رايونىنىڭ قوش شەھەر ئىقتىساد چەمبىرىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش» بىردىنلا تىلغا ئېلىندى. دۆلەتنىڭ بەش چوڭ ئىستراتېگىيەسىدىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ رايون تەرەققىياتىدىكى «2 ـ زاپاس ئەترىتى» بارلىققا كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئاۋانگارت ئەزالار».

بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 6 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ رايونى قوش شەھەر ئىقتىساد چەمبىرىكى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش مۇھىم قارالما قىلىندى. باش شۇجى شى جىنپىڭ: چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ رايونى قوش شەھەر ئىقتىساد چەمبىرىكى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، غەربىي رايوندا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ئېشىش قۇتۇپىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتى جۇڭگونىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ مەنبەسىگە ئايلاندى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، 2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېت مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 5 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، رايون ئىقتىسادىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇھىم قارالما بولغانىدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: ھەرقايسى رايونلارنىڭ شارائىتىغا ئاساسەن، ئىش تەقسىماتىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى ئەلالاشتۇرۇش يولىدا مېڭىپ، ئاساسىي فۇنكسىيەلىك رايون ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بوشلۇقنى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلايدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىدىغان رايون ئىقتىسادى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

ئۇزاق مەزگىلنى كۆزدە تۇتۇش، كەلگۈسىگە يۈزلىنىش.

«13 ـ بەش يىل»غا قايتا نەزەر سالساق، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات بولۇشنى كۆزلەپ، دۆلەت زېمىن بوشلۇقىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇردى، دۆلەتنىڭ ھەربىر مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەسى رايونلار ماس تەرەققىياتىنىڭ «يول»لىرىنى راۋانلاشتۇردى، ھەرقايسى چوڭ رايون بۆلەكلىرى ياخشى ھەمتۈرتكە بولۇپ، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)